# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

(11)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۆچقۇنجان ئۆمەر
رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

11



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: تۇرغۇن تۇنىياز
ھۆرىيەت نىياز
مەسئۇل كوررېكتورى: ھۆرىيەت نىياز
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۇ

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى (11)

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۈچقۇنجان ئۆمەر

رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن - تېخنىكا باغچە يولى 5 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
بەت ياسىغۇچى: شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
ئومۇمىي باسما تاۋىقى: 30
نەشرى: 2015 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2016 - يىلى 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7808 - 6
ئومۇمىي باھاسى: 100.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

# كىرىش سۆز

سەلەي چاققان بىر ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. ئۇيغۇر فولكلو-
رىنىڭ لەتىپە ـ چاقچاق ژانىرىدا يۇلتۇز كەبى چاقناپ تۇرغان
مىللەت بايلىقىنىڭ بىرى. ئۇ داڭلىق لەتىپىچى، قىزىقچى بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى تالانتلىق خەلق قوشاقچىسى، راۋابچى، ئەل-
نەغمىچىدۇر.

سەلەي چاققان 1790 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى-
نىڭ ئوپال يېزىسىدا ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1850 ـ
يىلى ئانا يۇرتىدا ۋاپات بولغان. سەلەي چاققان كىچىك ۋاقتىلى-
رىدىن باشلاپ خۇش مىجەز دادىسىنىڭ ياخشى مىجەز ـ خاراكتې-
رىنى ئوبدان ئىگىلىگەن. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا نۇرغۇن يۇرتلارنى
كېزىپ، مۇڭلۇق راۋابىنى چېلىپ قوشاق ئېيتىپ، لەتىپىلەرنى
سۆزلەپ، خەلق بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولغان. نەزەر دائى-
رىسىنى كېڭەيتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىن-
لىك، باراۋەرلىك ۋە يېڭىلىققا تەلپۈنۈپ ئېلىپ بارغان كۈرەش-
لىرى سەلەي چاققاننىڭ خەلقپەرۋەر سەنئەتكار بولۇپ يېتىلىشى-
گە ئاساس سالغان. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ پايدىسىغا كۈلۈپ، زىيىنى-
غا يىغلىغان. پۈتكۈل ھاياتىدا چىرىك، كونا ھاكىمىيەتنىڭ قول-
چوماقچىلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ، كەڭ ئەمگەكچى
خەلقنىڭ قىساس ـ ئۆچلىرىنى ئېلىپ بېرىدىغان يالقۇنلۇق قو-

شاقچى، ئۆتكۈر لەتىپىچى، قىزىقچى سۈپىتىدە داڭ چىقارغان. سەلەي چاققان خۇش مىجەز، گەپ ـ سۆزدە ھازىر جاۋاب، ھەرىكەتتە چىۋەر، چەبدەس بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «سەلەي چاققان» دەپ تەرىپلەشكەن. بۇ نام ھازىرغا قەدەر كىشىلەر ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، ھەم نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر، ھەم نەزم ـ شېئىرىي شەكىلدە ناخشا ـ قوشاق، سۆز ئويۇنى شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر بار. بۇ لەتىپىلەرنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن لەتىپىلەردە ماھىيەتلىك بىر نۇقتا بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى قانۇنىيەتلىك ھالدا تۈگۈن، يېشىم، يەكۈنلىرىنى نامايان قىلغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ 200 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ، ئۈزۈكسىز بېيىپ، ئۈزۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، ئۈزۈكسىز كەڭ تارقىلىپ كېلىشى شۇنى ئىسپاتلايدىكى، ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە كەڭ تېما، ساغلام مەزمۇنغا يانداش يۇمۇرىستىك تىل مەۋجۇت. تىل — لەتىپىنىڭ جېنى، قانىتى. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى ئومۇمىي خەلق تىلى، پۇقرالار تىلى، ئاممىباب تىل بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن ھەممە كىشىگە، ھەممە جايغا باب كېلىدۇ. بۇ لەتىپىلەردە ئەينى دەۋردىكى ئەمگەكچى خەلق قاتلى-

مىدىن باشقا يەنە خان ـ پادىشاھ، ۋەزىر ـ ئۆلىما، ھاكىم، بەگ،
باي، غوجايىن، قازى، شاڭيو، دورغا، يايى ـ پاششاپ، گەيجاڭ، يا-
ساۋۇل ـ چېرىك قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەربىر تەبىقىلىرىنىڭ
رەڭگىرويى، ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق كۆرگىلى، ئۇلارنىڭ ئا-
دەملىك قىممىتىنى تارازىغا سېلىپ باھالىغىلى بولىدۇ.
بۇلارنى يورۇتۇشتا سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ تىلى ھەل
قىلغۇچ رول ئوينىغان. يەنە بەزى لەتىپىلەردە قوللىنىلغان
ماقال ـ تەمسىللەر، ئىدىيومىلار، تېپىشماقلار ۋە ھېكمەت دۇردا-
نىلىرى ــ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي
ھېس ـ تۇيغۇسىنى كۈچلۈك سۈرەتلەپ، قەدىمىي مىللەتلەر قا-
تارىدىكى نوپۇزلۇق ئورنىنى دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلىپ
بەرگەن. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ قويۇق مىللىي پۇراق ۋە
يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولالىغانلىقى، لەتىپە ۋەقەلىكى ۋە
يەر ـ جايناملىرىنىڭ ساقلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملى-
شىپ كېلەلىگەنلىكى، تۈزۈلۈشىدىكى ئىخچاملىق، ئېيتىشقا،
يادلىۋېلىشقا، ئەستە قالدۇرۇشقا قولايلىق بولغانلىقى، بولۇپمۇ
يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي بولغانلىقى ــ ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا
كەڭ تارقىلىشىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلىدۇر.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سەلەي
چاققان لەتىپىلىرىدە تارىخىي، ئەقلىي، پەلسەپىۋى مەزمۇنلاردىن
باشقا يېڭى دەۋر مەزمۇنىدىكى لەتىپىلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئى-
گىلەيدۇ. دەۋر چاقنىنىڭ ئۈزۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە ۋە تۇرلۇك

دەۋر يېڭىلىقلىرىنىڭ ئۈزۈكسىز مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، تارىخىي، ئەنئەنىۋى لەتىپىلەرنى ئاساسىي تۈۋرۈك ۋە ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاساستا يېڭى دەۋردىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن لەتىپىلەر كۆڭلىمىزنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدۇ. بۇ لەتىپىلەر زامانغا لايىقلاشقان ھالدا توقۇلغان، تارقالغان. داڭدار سەلەي چاققاننىڭ نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ لەتىپىلەر سەلەي چاققان لەتىپىلىرىگە يېڭى تۈس ۋە يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىگە ئوخشاش جۇغلانغان ئەقىل ئابىدىسىگە ئايلانغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى بىر پۈتمەس ـ تۈگىمەس خەزىنىدۇر. بىز بۇ بىر يۈرۈش 10 قىسىم «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»نى بىر لەتىپىگە بىر رەسىم ياندىشتۇرۇپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق. سەلەي چاققاننىڭ پورترېتىنى يارىتىشتا داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد ياراتقان پورترېتتىن ئىجابىي پايدىلاندۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سەلەي چاققانشۇناسلىق ساھەسىدە ئىزدىنىۋاتقانلار، رەسساملارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ھەم بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تەييارلاشقا يېقىندىن مەدەت بەرگەن بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

# مۇندەرىجە


ساقايتارمىكىن دەيمەن ............................ 2
كەمبەغەلنىڭ قولى قىسقا بولىدىكەن ................ 4
ئىچلىرىدە ساقلىسىلا بولامدۇ؟ .................... 6
چىش بىلەن ..................................... 8
راست ئەخمەق ................................... 10
نېمە تاتلىق؟ ................................... 12
قىياپەت ....................................... 14
چىشىنى بىلەۋاتىدۇ .............................. 16
ئېشەكچىلىك بولۇش .............................. 18
باشقا ئۆيىمىز يوق ............................... 20
ئېھتىيات قىلايلى ................................ 22
ئاۋۋال دادامنى... ................................ 24
ئەجەبا، توكۇر توخۇ يوقمىدۇ؟ ..................... 26
قوغۇنلۇققا ئوخشايدۇ ............................. 28
سىلى بولۇپ چىقتىلا .............................. 30
ئاي ياخشىمۇ، كۈنمۇ؟ ............................ 32
سىلى ئۆيدىمىتىلە ............................... 34
گەپلىرىنى تۈزلاپ قويسىلا ........................ 36
خاملىرىمۇ يۈرۈپتىغۇ ............................. 38
ئۈنىڭدىن كىم رازى بولىدۇ؟ ....................... 40

www.uyghurkitap.com

# ساقايتارمىكىن دەيمەن

سەلەي چاققاننىڭ ئوغرىلىقتا نامى چىققان بىر قوشنىسى بار ئىكەن، بىركۈنى ئۇ سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— سەلەيكا، ئوغۇللىرىنى چوڭ بولغاندا قانداق ھۈنەرگە بېرىشنى ئويلاۋاتىدىلا؟

— دوختۇرلۇققا.

— دوختۇر بولماي ساقچى بولسا بولمامدۇ؟

— دوختۇر بولسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

— نېمىشقا؟

— ئەگرى قوللارنى داۋالاپ ساقايتارمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان يولىغا راۋان بولغاچ.





# كەمبەغەلنىڭ قولى قىسقا بولىدىكەن

مەھەللىدىكى بىر تويدا سەلەي چاققان بىر باي بىلەن كۆرۈشۈپ قاپتۇ. سەلەي چاققان بايغا قولىنى يىغىپراق بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باي:

— ھەي سەلەي ئاخۇن، كۆرۈشىدىغان بولسىلا، قوللىرىنى تۈزۈكرەك بەرمەملا؟ — دەپتۇ.

— خاپا بولمىسىلا، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — پېقىر كەمبەغەل، كەمبەغەلنىڭ قولى قىسقا بولىدىكەن.





# ئېچىلىرىدە ساقلىسىلا بولمامدۇ؟

سەلەي چاققان مېھماندارچىلىققا بېرىپتۇ، زىياپەت راسا قىزىۋاتقاندا، يېنىدا ئولتۇرغان باي يەل قويۇپ بېرىپتۇ. سەلەي چاققان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن كۆپچىلىككە:

— باي غوجام يەل قويۇپ بەردى، — دەپ ۋارقىراپتۇ. يۈزى قىزارغان باي سەلەي چاققاننى نوقۇپ:

— بۇ ئىشنى كۆپچىلىككە دېمەي، ئېچىلىرىدە ساقلىسىلا بولمامدۇ؟ — دەپتۇ. سەلەي چاققانمۇ قىلچە ھودۇقماستىن:

— سىلىمۇ يەلنى تېشىغا چىقارماي، ئېچىلىرىدە ساقلىسىلا بولمامدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.





# چىش بىلەن

سەلەي چاققان بىر قېتىم بىر پېخسىق باي بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ قاپتۇ. باي ئۇنى گەپتىن چۈشۈرمەكچى بولۇپ:

ــ ھەي، سەلەي ئاخۇن، ئۆيلىرىدە توخۇ گۆشى يېسىلە، ياش ـ قېرىلىقىنى قانداق پەرقلەندۈرىدىلا؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ تەقسىر، ئەلۋەتتە چىش بىلەن پەرقلەندۈرىمەن، ــ دەپتۇ سەلەي چاققان.

ــ توخۇنىڭ چىشى يوققۇ؟ ــ يەنە سوراپتۇ باي.

ــ مېنىڭ چىشىم بار ـ دە، يۇمشاق پىشقىنى چۈجە گۆشى، قاتتىق پىشقىنى قېرى توخۇنىڭكى، ــ دەپتۇ سەلەي چاققان مەنىلىك قاراپ.





## راست ئەخمەق

بىركۈنى خان ۋەزىرلىرىگە:

— مېنىڭ ئەخمەقلىقىمنى سەنلەر چىقىپ ئېيتىشمىساڭ، خالايىق نەدىن بىلىدۇ. مەن راست ئەخمەقمۇ؟ قېنى ئېيتىش! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ھەممە قورققىنىدىن شۈك بولۇشۇپ قاپتۇ.

— ئېيتىش!

سەلەي چاققان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— سىلى راست ئەخمەق! — دەپتۇ.

— جاللات!

— مەرد بولۇڭ، شاھىم، ئىسپاتىم تەييار...

— ئېيت!

— بۇنى جانابلىرىنىڭ: «مېنىڭ ئەخمەقلىقىمنى سەنلەر ئېيتىپ قويۇشمىساڭ» دېگەن ھازىرقى سۆزلىرىنىڭ ئۆزىلا ئەستىقلاپ تۇرۇپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## نېمە تاتلىق؟

بىركۈنى شەھەر ھاكىملىرىدىن بىرى سەلەي چاققاننى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇنى سىناش ئۈچۈن:

ــ بىر لوقما تائام ئۈچۈن دۇنيادا نېمە تاتلىق؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ تۇخۇم، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ، ئۇلار يەنە ئوۋغا چىقىپتۇ، كېتىۋېتىپ ئالدىنقى قېتىم سوئال سورىغان يەرگە كەلگەندە، ھاكىم:

ــ نېمە بىلەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ. سەلەي چاققان دەرھال:

ــ تۇز بىلەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.





## قىياپەت

كىشىلەر سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— ئەمەلدىن چۇشۇپ كەتكەن ئەمەلدارلار قانداق ئولتۇرىدۇ؟

— ئۇلار كىشى بار يەردە چالا كۆيگەن چۇچىلىدەك يە كۆيەلمەي، يە كۆنەلمەي ئالىيىپ ئولتۇرىدۇ. كىشى يوق يەردە ئۆچۇپ قالغان چىراغپايدەك يە بىلىنمەي، يە كۆرۇنمەي قارىيىپ ئولتۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.





# چىشىنى بىلەۋاتىدۇ

يۈز بېشى باشلىق جامائەت ناماز بامداتتىن يېنىپ، قوشنا مەھەللىگە تويغا مېڭىپتۇ. سەپنىڭ ئالدىدا ئاتلىق كېتىپ بارغان يۈز بېشىنىڭ ئاستىدىكى ئېگەر «غىچ، غىچ، غىچ» قىلىپ غەلىتە ئاۋاز چىقىرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يىگىتلەردىن بىرى قىزىقچىلىق قىلىپ:

— يۈز بېشىنىڭ ئارقىسىدا بىرنەرسە سايرايدىغۇ؟ — دەپتۇ.

— يۈز بېشى نەپسى تاقىلداپ، تويدا تارتىلىدىغان گۆشلۈك پولۇنى كۆپرەك يېيىش ئۈچۈن چىشىنى بىلەۋاتىدۇ، — دەپ گەپ قىستۇرۇپتۇ سەلەي چاققان.





www.uyghurkitap.com

# ئېشەكچىلىك بولۇش

بىر قېتىمقى مەشرەپ سورۇنىدا پاششاپبەگ سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، ئادەم نېمىشقا ئېشەكچىلىك بولالمايدۇ؟

— سىلىمۇ ئۇستىلىرىگە ئادەم مىندۈرۈپ باقسىلا!

— كىمنى مىندۈرىمەن؟

— ئەلۋەتتە خوتۇنلىرىنى، ئۇنىڭ قولىغا تاياقنى تۇتقۇزۇپ، راسا ساۋىتىپ مېڭىپ باقسىلا، قاشاڭ بولۇپ كۆرۈنسىلە، شۇ چاغدا ئېشەكچىلىك بولالايدىلا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.





## باشقا ئۆيىمىز يوق

سەلەي چاققان بىركۈنى مەھەللىنىڭ ئىمامى بىلەن مەزىننى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ئىمام ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، ئۆيدىكى قوزۇقلاردا ئېسىپ قويۇلغان راۋاب، دۇتار، تەمبۇرنى كۆرۈپ:

— ساز بار ئۆيدە پەرىشتىلەر بولمايدۇ، — دەپتۇ.

— بۇ يوق پەتىۋانى ئېيتمىغانلىرى تۈزۈك ئىدى، ئېيتقاندىن كېيىن ئەمدى قالغان يېرىمىنىمۇ ئېيتسىلا، تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— قالغان يېرىمى يوق، بىلسىلە ئۆزلىرى ئېيتسىلا، — دەپتۇ ئىمام ئۇنى سەل چاغلاپ.

— پەرىشتىلەر يوق ئۆيدە غىزا ـ تائام يېيىشكە بولمايدۇ، دېيىلگەن كىتابتا. سىلەرنى باشلايدىغان باشقا ئۆيىمىز يوق. خەير، — دەپتۇ سەلەي چاققان.





# ئېھتىيات قىلايلى

بىر ياز كۈنى سەلەي چاققان تالادىن كىرىشىگە، ئايالى:

— قارىسىلا دادىسى، ھېلىقى كەپسەنچى قارى بايىراق ھويلىغا كىرىپ، بىرەر ئىشىنىڭ تايىنى يوقلا سىلىنى سورىدى. «دۇكانغا — ناۋايخانىغا كەتكەنىدى» دېسەم، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، باراڭلارغا ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ: «ئۇزۇمىڭلار بۇ يىل ئەجەب ئوخشاپتۇ» دەپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. كۆزى تەگمىسە بولاتتىغۇ، ئۇ دىۋانىنىڭ، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان ئويلانغان ھالدا:

— كۆزى تېگىپ نېمە قىلاتتى، ئۆزى تەگمىسە بولغىنى. ھەرھالدا ئېھتىيات قىلايلى، خوتۇن! — دەپتۇ.





# ئاۋۋال دادامنى...

سەلەي چاقچان ياش ۋاقتىدا قەشقەردىكى «ئودا خېنىم» سەيلىسىدە يۈرۈپ، ئادەملەر توپى ئىچىدە دادىسى بىلەن ئانىسىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈپ: «خالايىق! دادام بىلەن ئانام يوقاپ كەتتى. ھېچبولمىغاندا دادامنى تېپىپ بېرىڭلار، سۆيۈنچەڭلار نەق!» دەپ جار سېلىپتۇ.

ھەيران بولغان كىشىلەر سوراپتۇ:

— نېمىشقا «ھېچبولمىغاندا دادامنى تېپىپ بېرىڭلار» دەيسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆيۈنچىگە لايىق پۇلۇڭ بارمۇ؟

سەلەي چاقچان خاتىرجەم جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئاۋۋال دادام تېپىلسا، ئانامنى تېپىش ئاسان. دادامنىڭ سۆيۈنچە پۇلىنى ئانامدىن ئېلىپ بېرىمەن.





# ئەجەبا، توكۇر توخۇ يوقمىدۇ؟

سەلەي چاققان بولاقسۇ بازىرىدا بىر ئاشخانا ئاچقانىكەن، بازىرى ناھايىتى قىزىپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يۇرتىنىڭ توكۇر بېگى قىزىقىپ، كۆرۈپ كېلىشكە كەپتۇ. ئۇ ئېتىنى ئاشخانا ئالدىدىكى تېرەككە باغلىتىپ، ئۆزى توخۇ گۆشى بېسىلغان پولۇ بۇيرۇتۇپتۇ. سەلەي چاققان مەززىلىك پولۇنى يۇرت بېگىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن بەگ سەلەي چاققاننى چاقىرتىپ:

— سەلەي ئاخۇن، ئاش ئۈستىدىكى بۇ توخۇنىڭ بىر پۇتى يوق تۇرىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاققان دەرھال يۇرت بېگىنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ:

— بېگىم، توكۇر ئادەملەرمۇ بارغۇ؟! توكۇر ئادەم بولغان يەردە، توكۇر توخۇ يوقمىدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.





# قوغۇنلۇققا ئوخشايدۇ

سەلەي چاققان ئاغرىپ قاپتۇ، قوشنىسى ئۇنى يوقلاپ كىرىپتۇ.

— تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان نۇرغۇن ئارزۇلىرىم بار ئىدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان قوشنىسىغا ھال ئېيتىپ، — مۇشۇ ياتقانچە ئورنۇمدىن تۇرالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيمەن.

— ياشلىرى ئاتمىشتىن ئېشىپتۇ، يەيدىغانلىرىنى يەپ، كىيىدىغانلىرىنى كىيىپ بولدىلا، خۇددى پىشىپ قالغان قوغۇنغا ئوخشايدىلا، پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرمايدۇ، تەقدىرگە تەن بەرسىلە، — دەپتۇ قوشنىسى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، سەلەي چاققان ساقىيىپ ھېلىقى قوشنىسى ئاغرىپ قاپتۇ. سەلەي چاققان يوقلاپ كىرسە، قوشنىسى زارلىنىپ:

— ئون گۈلۈمنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغانىدى، دۇنيانىڭ ھېچبىر خوۋلۇقىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، قانداقمۇ قىلارمەن؟ — دەپتۇ.

— ھەي قوشنام، ئورۇنسىز ياش تۆكمىسىلە، بۇ ئالەم قوغۇنلۇققا ئوخشايدۇ. قوغۇنلۇققا ئوغرى كىرسە، پىشقىنىنىمۇ، توڭىنىمۇ ئۈزىدۇ، بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان.



# سىلى بولۇپ چىقتىلا

بىركۈنى سەلەي چاققان ئۇيقۇدىن خۇشال ئويغىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايالى سوراپتۇ:

— ھە، نېمە گەپ، ياخشى بىر چۈش كۆردىڭمۇ، نېمە؟

— پاھ، پاھ، ياخشى چۈش! ئۆيلىنىپ چۈش كۆرۈپتىمەن!

بۇ گەپتىن ئايالىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ئاغزى ئېچىلىپ كېتىپتۇ:

— خىيالىغا كىرگەن، چۈشىگە كىرگەن... ئۇنچە قىلمىسىڭمۇ ئېسىلىۋالارمىدىم؟...

— چۈشۈمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاڭلا، — دەپ ئايالىنى ئاران توختىتىپتۇ سەلەي چاققان، — ئەمدى ئېسىمنى يىغسام، چۈشۈمدە ئالغان ئايال سىلى بولۇپ چىقتىلا، ئۇنىڭمۇ ئاغزى بىر ئېچىلسا توختىمايدىكەن!





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاي ياخشىمۇ، كۈنمۇ؟

كىشىلەر سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، ئاي ياخشىمۇ، كۈنمۇ؟

سەلەي چاققان بىرپەس ئويلىنىپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— كۈندۈزى كۈن ياخشى، كېچىسى ئاي...

— كۈندۈزى كۈن ياخشى دەيدىلا، كۈن بولمىسىمۇ كۈندۈز بولۇشنى نەدىن بىلىدىلا؟

— تېخىچە شۇنى ئايرىيالمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ سەلەي چاققان، — كۈن بولمىسىمۇ كۈندۈز بولۇشنى «كۈن چىقمىسىمۇ كەچ بولىدۇ» دېگەن خەلق تەمسىلىدىن بىلدىم. بۇ — ئاي كۈندۈزى ئاسماندا يۈرگەندىمۇ كېچە بولغانغا ئوخشاش.





# سىلى ئۆيدىمىتىلە

سەلەي چاققان دەرۋازا ئالدىدا بىر خۇش چاقچاق ئايال بىلەن ئۇزاقراق سۆزلىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

ئايالى ئۆيدە تاماق تەييارلاۋاتقانىكەن. نېمە ئىشتۇ دەپ تالاغا چىقسا، گەپ باشقىچە...

ئايال تاپا - تەنىلەر بىلەن ئېرىنى قايتۇرۇپ كىرىپ ۋارقىراپتۇ:

— نېمە ئۇ سەتنىڭ قاش - كىرپىكىگە قاراپ گەپلىرى تۈگمەي كەتتى؟

— مەن ئۇ سەتنى سىلىنىڭ پەردازسىز ۋاقتىلىرىغا ئوخشىتىپ تۇرۇپ قاپتىمەن، سىلى ئۆيدىمىتىلە؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان.





# گەپلىرىنى تۈزلاپ قويسىلا

بىر مەمەدان كىشى سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— پالانچى ماڭا شۇنداق دېۋىدى، مەن مۇنداق دەپ راسا تويغۇزۇپ قويماقچى بولۇپ، يەنە توختاپ قالدىم. قانداق بوپتۇ؟

سەلەي چاققان:

— دېمىگەن گەپنى دېگىلى بولامدۇ؟ ئوبدان بوپتۇ، — دەپتۇ.

— گەپ دېگەننى ۋاقتىدا دەۋالمىسا قانداق بولىدۇ، قورساق كۆپۈكى بولۇپ قالامدۇ؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ ئۇ ئادەم.

سەلەي چاققان جىددىي جاۋاب بېرىپتۇ:

— دېيەلمىگەن گەپلىرىنى تۈزلاپ قويسىلا، بىرئاز تەم كىرىپ، ياخشى بولىدۇ.





# خاملىرىمۇ يۈرۈپتىغۇ

سەلەي چاققان نان سېتىپ ئولتۇرسا، بىر كىشى كېلىپ پۇللىرىنى ساناپ، «پىشكە پۇلۇم چۈشۈپ قاپتۇ» دەپ زارلىنىپتۇ. سەلەي چاققان:

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ، ئۇ كىشى:

— ئۆزۈمنىڭ خاملىقى، — دەپتۇ ـ دە، قالغان پۇللىرىغا نان ئاپتۇ، ئالغان نانلىرىنى خۇرجۇنىغا سېلىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— ماۋۇ بىر نانلىرى خامراقكەن، قانداق قىلىمىز؟

— پىشقان نانلار ئارىسىدا كېتىۋەرسۇن، ئادەملەرنىڭ خاملىرىمۇ يۈرۈپتىغۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان.





www.uyghurkitap.com

# ئۈنىڭدىن كىم رازى بولىدۇ؟

سەلەي چاققاننىڭ قېيىنئاتىسى بىركۈنى كۈيۈ ئوغلىغا، ئاتىكارچىلىقتىن ساقلىنىش كېرەك، دەپ نەسىھەت قىلىپ كېلىپ، شۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم، كىشى ياش تۇرۇپ يوغان باشلىق قىلسا نېمە بولىدۇ؟

سەلەي چاققان:

— بېشى قاپاق، ئىشى چاتاق بولىدۇ، — دەپتۇ - دە، ياندۇرۇپ سوئال سوراپتۇ، — دادا، ئەگەر كىشى چوڭ تۇرۇپ يوغان باشلىق قىلسىچۇ؟

— بىركۈنى ئۇ قازى بولىدۇ - دە، — دەپتۇ ئاتىسى.

— ئۈنىڭدىن كىم رازى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان كۈلۈپ.





www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

漫画赛来·恰坎幽默与智慧. 11~20：维吾尔文 / 乌其洪江·玉麦尔撰文；阿迪力·阿布力孜绘画. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
ISBN 978-7-5469-7808-6

Ⅰ. ①漫… Ⅱ. ①乌… ②阿… Ⅲ. ①维吾尔族-笑话-作品集-中国-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 277267 号

| | | | |
|---|---|---|---|
| 选题策划： | 亚森·吾不力哈斯木 | 美术编辑： | 阿扎提·巴拉提 |
| 责任编辑： | 吐尔洪·吐尼牙孜<br>吾尔亚提·尼亚孜 | 责任复审： | 吐尔洪·吐尼牙孜 |
| | | 责任决审： | 亚森·吾不力哈斯木 |
| 责任校对： | 吾尔亚提·尼亚孜 | 责任印制： | 刘伟煜 |

| | |
|---|---|
| 书　名 | 漫画赛来·恰坎幽默与智慧（11）（维吾尔文） |
| 撰　文 | 乌其洪江·玉麦尔 |
| 插　图 | 阿迪力·阿布力孜 |
| 出　版 | 新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com） |
| 地　址 | 乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026） |
| 发　行 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 网　购 | 当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店 |
| 制　版 | 新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心 |
| 印　刷 | 新疆新华华龙印务有限责任公司 |
| 开　本 | 787 mm × 1092 mm　1/16 |
| 总印张 | 30 |
| 版　次 | 2015 年 11 月第 1 版 |
| 印　次 | 2016 年 6 月第 1 次印刷 |
| 书　号 | ISBN 978-7-5469-7808-6 |
| 总定价 | 100.00 元（全十册） |

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）

网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات

دۆلەتلىك مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر

国家民族文字出版专项资金资助项目



ISBN 978-7-5469-7808-6

9 787546 978086 >

总定价：100.00元(全10册)

10.00元

ئوقۇ سەرخىل كىتابلىرى

dudu

www.dudu-book365.com